## 38027 ـ ئايال كۆن ئولتۇرۇشتىن بەش مىنۇت ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالسا، روزىسىنى تاماملامدۇ؟

**سۇئال**

ئايالنىڭ ئايلىق ئادىتى شام نامىزىغا ئەزان ئوقۇشقا بەش مىنۇت قالغاندا باشلانسا، روزىسىنى تاماملامدۇ ياكى بۇزىۋېتەمدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن،

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئايال كىشىدىن كۈن ئولتۇرۇشتىن گەرچە بىر مىنۇت ئىلگىرى ھەيز كەلسىمۇ روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئۇ ئايال بۇ كۈندىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ "رامىزان ئېيى سۆھبىتى "ناملىق رىسالە-39 بەتتە مۇنداق دەيدۇ " :روزىدار ئايالدىن كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنلا ئادەت كەلگەن بولسا، ئايالنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ" .

ئايال ئادەت كەلگەندىن كېيىن روزا تۇتسا توغرا بولمايدۇ، ئەگەر روزىسىنى داۋاملاشتۇرسا ئادەت كەلگەندىن كېيىن داۋاملاشتۇرغان روزىسى توغرا بولمايدۇ. ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى- 4 "توم- 397 بەتتە مۇنداق دەيدۇ" :ئايال ئادەت كەلگەندىن كېيىنمۇ روزىنى نىيەت قىلسا، بۇنداق ھالەتتە روزا تۇتۇشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، داۋاملاشتۇرسا، روزىسى توغرا بولماسلىقى بىلەن گۇناھكار بولىدۇ .

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.